# پەن تەتقىقاتتا قول تۇتۇشۇپ، تەقدىرداش بولۇشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتەيلى

## — قول تۇتۇشۇپ يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جۇڭگونىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلىش

□ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

«نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۆزگىرىش بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟» «جاراھەتلەندۈرمەي نەپەسلەندۈرۈش ماشىنىسى ۋە جاراھەتلەندۈرۈپ نەپەسلەندۈرۈش ماشىنىسىنى ئىشلىتىش پۇرسىتى ھەم كۆرسەتكۈچ بەلگىسى دېگەن نېمە؟» «ئوزۇقلۇق بىلەن قوللاشنىڭ داۋالاشتىكى ئۆلچىمى نېمە؟» ئېفيوپىيەدىكى ئەڭ چوڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بويىچە بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش دوختۇرخانىسى — ئېكا كوتىبى دوختۇرخانىسىدا، شۇ جايدىكى تىببىي خادىملارنىڭ سوئالغا قارىتا، جۇڭگونىڭ ئېفيوپىيەگە ياردەم بېرىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تىببىي مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىر - بىرلەپ تەپسىلىي جاۋاب بەردى.

ھەممىسى ئادەم قۇتقۇزۇش ئۈچۈن! ھاياتلىق ھەممىدىن ئەلا دېگەن قىممەت ئىدىيەسى جۇڭگو بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى بىر - بىرىگە زىچ باغلىدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)


# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 5 - ئاي

13

چارشەنبە

维吾尔文 5月13日

新疆日报网：www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25060 - سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ سەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش يۈرۈشىنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يېزىپ چىقىش كېرەك




5 - ئاينىڭ 11 - كۈندىن 12 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ سەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ داتۇڭ شەھىرىنىڭ يۈنجوۋ رايونىدىكى ئورگانىك سېرىق گۈلنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش بازىسىدا ئەمگەك قىلىۋاتقان كەنت ئاھالىلىرى بىلەن سەممىي پاراڭلاشماقتا.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆرېن فوتوسى




5 - ئاينىڭ 11 - كۈندىن 12 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ سەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ تەييۈەن پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) داتلاشماس پولات سىپتا تاسما پولات چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا، كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇرماقتا.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېي خۇەنچى فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، تەييۈەن، 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا سەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن پايدىسىز تەسىرنى تىرىشىپ يېڭىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، يۈرۈشىنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، سەنشىنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يېزىپ چىقىش كېرەك.

باش ياز مەزگىلىدە، سەنشى زېمىنىدا تاغلار يېشىللىققا پۈركىنىپ، ھەممە مەۋجۇداتلار جانلانغانىدى. 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە، شى جىنپىڭ سەنشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لوۋ ياڭشېڭ ۋە ئۆلكە باشلىقى لىن ۋۇنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ داتۇڭ، تەييۈەن قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، يېزا ئىگىلىك كەسىپ بازىسى، كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەر يېڭى كەنتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى، ئىسلاھاتتا ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى ۋە كارخانا قاتارلىق جايلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش خىزمىتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ ئالدى بىلەن داتۇڭ شەھىرىنىڭ يۈنجوۋ رايونىغا كېلىپ، ئورگانىك سېرىق گۈلنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش بازىسىنى تەكشۈردى، داتۇڭنىڭ سېرىق گۈل ئۆستۈرۈشتە 600 يىلدىن كۆپرەك تارىخى بار بولۇپ، شۇ جاينىڭ يېتەكچى كەسىپى ھېسابلىنىدۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، باشلامچى كارخانىلار، ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سېرىق گۈل مەھسۇلات مىقدارى، سۈپىتى مۇقىم بولۇپ، سېتىش يولى ۋە باھاسىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولدى، بۇلتۇر نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئائىلە ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى. شى جىنپىڭ ئېتىزلىققا كىرىپ، سېرىق گۈلنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئەمگەك قىلىۋاتقان كەنت ئاھالىلىرى چۆرىدەپ كېلىشتى، شى جىنپىڭ ئۇلاردىن سېرىق گۈلنىڭ ئېتىز پەرۋىشى، بازار باھاسى، مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىش يولى قاتارلىقلارنى ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: يۇرتداشلار نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم، قانداق قىلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى مۇستەھكەملەش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يۇرتداشلارنىڭ كىرىمىنىڭ سىجىل ئېشىپ بېرىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتۇر. سېرىق گۈل كەسىپىنى ياخشى قوغداپ، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چوڭ كەسىپكە ئايلاندۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە داڭلىق ماركىغا ئايلاندۇرۇپ، سېرىق گۈلنى يۇرتداشلارنىڭ «بېيىش گۈلى»گە ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەلق ئۈچۈن ئىش قىلىش، خەلققە بەخت يارىتىشنى ئەڭ مۇھىم سىياسىي نەتىجە قىلىدۇ، پۇقرالار ئۈچۈن قانچىلىك ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلغانلىقنى سىياسىي نەتىجىنى سىناشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلىدۇ. ئۆستۈرۈش بازىسىدىن ئايرىلىپ، شى جىنپىڭ يېقىن ئەتراپتىكى يۈنجوۋ رايونىنىڭ شىپىڭ بازىرى فاڭچېڭ يېڭى كەنتىگە كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. بۇ كەنت باشقا جايغا كۆچۈرۈلگەن كەنت بولۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش كېرەك

## چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ سېستىرالارغا يوللىغان بايراملىق تەبرىكى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىغانلىقىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ، جاپالىق، مىسلىسىز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلەپ ئۆتۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئىلمىي يېتەكچىلىك، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. بىز ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى چىڭ تۇتۇشىمىز، پۇختا تۇتۇشىمىز، ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك.

بىرىنچىدىن، ھەقىقىي تۈردە سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىشنى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 - قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 - قېتىملىق يىغىنى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ خەلق سارىيىدا 1 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئۇنىۋېرسال گۇرۇپپىسىنىڭ قۇرۇقلۇق يولى پورتى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى كىرىش خاراكتېرلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزغا قايتما ئىنكاس پىكرى بەردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئۇنىۋېرسال گۇرۇپپىسىنىڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## مەركىزىي كومىتېت لى يىفېينى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى

**ئۆز خەۋەرىمىز** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يولداش لى يىفېينى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.